چۆچەك شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى ۋاڭ يۈۋېي:

# ئۆگەنگەنلىرىم ئارقىلىق مېنى يېقىپ ئۆستۈرگەن شىنجاڭغا جاۋاب قايتۇرىمەن

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا

«كەچتە كەلگەن پوسۇلكىدىكى سىناق دورىسىنى سوغۇق ساقلامدۇق؟» 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 3تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شۇ كۈنلۈك خىزمەتنى ئەمدىلا تاماملاپ ئارام ئېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاڭ يۈۋېينىڭ يان تېلېفون ئېكرانى يەنە بىر قېتىم يورۇدى. «چۆچەك تەكشۈرۈش ئەترىتى + شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانا تەكشۈرۈش ئەترىتى» ۋىيشىن توپىدا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئۇنىڭدىن ئەمدىلا ئايرودۇرۇمدىن يۆتكەپ كېلىنگەن داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى ساقلاش ئىشلىرىنى سورىغانىدى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چۆچەك شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىپ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 21 ئەزاسى ھەر كۈنى سەھەر سائەت 2 ـ 3لەرگىچە ئىشلەپ ئاندىن ئارام ئالدى، سائەت 9دا يەنە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە، كېچىلەپ تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىككى كوللېكتىپ ئەڭ ئاخىردا 23 ـ قەۋەتكە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان ئەمەلىي مەشىق مەركىزىنى تېزدىن PCR تەجرىبىخانىسىغا ئۆزگەرتىشنى بېكىتتى.

«PCR تەجرىبىخانىسىنىڭ قاتتىق بىيو بىخەتەرلىك ئۆلچىمى بار، بىز لايىھەنى تۈزۈپ بولۇپ تۇرۇشلۇق جايغا قايتىپ كەلگەندە سەھەر سائەت 1 بولغانىدى، ئەتىگەندە ئىشقا بارغاندا، 2 ـ قارىماق دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ بىر كېچە تىرىشىپ، تەجرىبىخانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى تاماملاپ بولغانلىقىنى بايقىدۇق، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ خىل يۇقىرى ئۈنۈمدىن ھەيران قالدى» دېدى ۋاڭ يۈۋېي.

چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋاڭ يۈۋېي شىنجاڭدا تۇغۇلغان ھەم 14 يىل ياشىغان بولۇپ، بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دوختۇرخانىنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئەسلىدە خادىملار تىزىملىكىدە يوق ۋاڭ يۈۋېي رەھبەرگە ۋىيشىندا «مۇدىر، مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، مېنى ئەۋەتىڭ!» دەپ ئۇچۇر يوللىدى.

يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە يۇقۇم ئەھۋالىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى بىرلا ۋاقىتتا ۋاڭ يۈۋېينىڭ قەلبىگە مۇجەسسەملىنىپ: «مەن ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىملىرىم ئارقىلىق مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراققا جاۋاب قايتۇرىمەن!» دېگەن ئېتىقادى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى.

چۆچەك شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمى مولېكۇلا دىياگنوز تەجرىبىخانىسىدىكى كاندىدات مۇدىر تېخنىك بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2 ـ ئايدىن باشلاپلا، ۋاڭ يۈۋېي يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 21 ئەزاسى ئىچىدە، بىرەيلەن دوختۇرخانا ئىچىدە يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسى بولغاندىن باشقا، قالغانلار چۆچەك شەھىرىدىكى 3A دەرىجىلىك 14 دوختۇرخانىدىن تاللانغان تەكشۈرۈش كەسپىي تېخنىكا تايانچلىرى. بۇ قېتىم شىنجاڭغا كېلىشتە، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋاڭ يۈۋېينىڭ ئاساسلىق خىزمىتى. يېڭى تەجرىبىخانا پۈتمەي تۇرۇپلا، ئۇ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانىنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى.

«بىز چۆچەكتىن 20 مىڭ دانە يېڭى تەكشۈرۈش سىناق دورىسى ئېلىپ كەلدۇق، ئىككى كوللېكتىپ تەجرىبىخانىدا ھەمكارلىشىپ كېڭەيتىش ـ كۆپەيتىش ھالقىسىنى تاماملىدى، بۇ نەتىجە سۈپىتىنى تەھلىل قىلىش، شۇنداقلا كېيىنكى قەدەمدە زور مىقداردىكى نۇكلېئىك كىسلاتاسى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى سۈپەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى ۋاڭ يۈۋېي.

سىناق دورىسىنى تەييارلاش ئۆيى، ئەۋرىشكە ياساپ تەييارلاش ئۆيى، كېڭەيتىش ـ كۆپەيتىش ئۆيى... يېڭى تەجرىبىخانىدا، ئىككى كوللېكتىپتىكى تېببىي خىزمەتچىلەر ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەپ سىنىماقتا ئىدى. «بۈگۈن دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئاخىرقى باھالىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدۇ. باشقىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن بىزنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزدە جەمئىي 30دىن ئارتۇق ئادەم بار بولدى، كۈندىلىك تەكشۈرۈش مىقدارىمىز ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش مىقدارى ئاساسىدا بەش ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، بىز 24 سائەت ئۈزۈلمەي مەشغۇلات قىلىپ، بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى تولۇق تاماملاشنى قولغا كەلتۈرىمىز!» دەپ بىلدۈردى ۋاڭ يۈۋېي.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھېلىمۇ ياخشى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ دەل ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن ھوسۇل ئېلىپ، ياخشى ھوسۇلنى ساقلاپ قالدۇق!» شىخو شەھىرى جىرگىلتى گولىن موڭغۇل يېزىسى خوتخور كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ۋاڭ يۇڭجياڭنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى تېخنىكلارنى ئېتىز بېشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، يازلىق يىغىم خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلغان.

بەزى جايلاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىش ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قاتارلىق بىنام دېھقانچىلىق ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇغداي، كېۋەز، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرگە قارىتا قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشقا دائىر كونكرېت تېخنىكا تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى سۇچىلىق، ھاۋارايى تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان پايدىسىز تەسىرنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئاشلىق ھوسۇلىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، قاتناش قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ مۇھىم يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى بىلەن ئېھتىياجىنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ خام ماتېرىيال تەمىناتى، قاتناش ـ ترانسپورت، خادىملار ئىش ئورنىغا قايتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى «يېشىل يول»نىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى قەرەلىدە قانات يايدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يازلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم ھالەت ساقلىنىپ، بۇغداي ھوسۇلى 5 مىليون 765 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 0.1% ئاشتى، كۆممىقوناقنىڭ مۇددەتئالدى تېرىش كۆلىمى 7.6% ئاشۇرۇش مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش»تەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

## ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇش

«بۇ يىل مەن شىندۇڭ 60 ـ نومۇرلۇق بۇغداي سورتىنى تېرىدىم، ئوتتۇرىچە مو بېشى ھوسۇلى 500 كىلوگرامدىن ئاشتى، ھەر مو يەرنىڭ ھوسۇلى كونا سورتقا قارىغاندا 87 كىلوگرام ئېشىپ، مو بېشى كىرىمىم 200 نەچچە يۈەن ئۆستى.» يېڭىشەھەر ناھىيەسى ياندۇما يېزىسى يۇقارقى يايلاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرۇسۇل ئىبراھىم مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سىياسىتى ياخشى، ئۇرۇقچىلىق كەسپى كارخانىلىرى يەنە ئومۇمىي مۇساپىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، بۇغداي تېرىپ كىرىمىم ئاشتى، ئىشەنچىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۈچىيىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە بۇغداي يېڭى سورتىنى كېڭەيتىپ ئۆلگە كۆرسىتىش سالمىقىنى ئاشۇردى، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، كېڭەيتىپ ئۆلگە كۆرسىتىش كۆلىمى جەمئىي 10 مىڭ مودىن ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەر بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىگە قارىتىلغان يېتەكچىلىك ۋە پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، تۈجۈپىلەشكەن تېرىقچىلىق ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇغداي، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ھوسۇلىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، شىمالىي شىنجاڭدا ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، ئورگانىك، مول سېلىنىلىق قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي سورتلىرىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا مەۋقەنى ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىدا مىقدارنى ئاشۇرۇشنىڭ مىقدار، سۈپەتنى تەڭ ئاشۇرۇشقا قاراپ ئۆزگىرىشنى ئالغا سىلجىتتى؛ كېۋەز تېرىقچىلىقىنىڭ ئەۋزەل رايونلارغا مەركەزلىشىش يۈزلىنىشى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى مۇۋاپىق سەۋىيەنى ساقلاپ، تېرىلغۇ كۆلىمى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا ئازراق تۆۋەنلىدى.

كېڭەيتىپ ئۆلگە كۆرسىتىش بويىچە ئىلمىي تېرىقچىلىق ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئېشىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە تۈرىدىكى تېرىقچىلىق كۆلىمى 1 مىليون 4400 موغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 28.4% ئاشتى، ھوسۇلى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.7% ئاشتى.

## سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش»تەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش خىزمەت فاڭجېنىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشنى دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ سىجىل كۈچ چىقىرىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز تېرىلغۇ يەر قۇۋۋىتىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ «دىرىژورلۇق تايىقى»لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مو كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇ يېرىنىڭ قۇۋۋىتىنى قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۆلچىمىنى 180 يۈەندىن 220 يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، بۇغداي تېرىقچىلىقىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارنى ھەقىقىي ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش، ئەلا سورتلۇق كۆزگى بۇغداي تېرىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىدا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەسلىھەلىك كۆكتات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت پىلانى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى قوزغىتىپ يولغا قويۇلدى. زامانىۋى ئەسلىھەلىك كۆكتات كەسپى سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، تىجارەت سىستېمىسى پائال بەرپا قىلىنىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى كۆكتات تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى؛ رايون ئىچىدىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، مەۋقە يۇقىرى دەرىجىلىك بازار ئېھتىياجىغا قويۇلۇپ، سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ، مىقدار ئاشۇرۇلۇپ، خاس چارۋىچىلىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت ـ سودا (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى قاتارلىق جايلار بىلەن چارۋىچىلىق كەسپى تەرەققىيات ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالاپ، 10 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، ھەرقايسى جايلاردا چارۋىچىلىق كەسپى سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، تىجارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئىشلىتىپ، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

يازلىق ئاشلىق، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋىلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش بىلەن بىللە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆكتات ھەم يېمەكلىك زەمبۇرۇغى ئۆستۈرۈش كۆلىمى 2 مىليون 806 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 25.6% ئاشتى؛ ھوسۇلى 2 مىليون 521 مىڭ 900 توننا بولۇپ، 11.4% ئېشىپ، كۆكتات تەمىنات كاپالىتى كۈچلۈك بولدى. چوشقا، كالا، قوي، ئۆي قۇشلىرىنىڭ قوتان ـ كاتەكتە بېقىلىش نىسبىتى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 3.9% ئاشتى، چوشقا، كالا، قوي، ئۆي قۇشلىرى گۆشى مەھسۇلات مىقدارى 771 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 0.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي قۇشلىرى گۆشى مەھسۇلات مىقدارى 7.2% ئېشىپ، بىرقەدەر تېز ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گەن كېۋېي: ئىمكانىيىتى يەتكۈچە تىرىشتى



گەن كېۋېينىڭ ھايات ۋاقتىدىكى خىزمەت سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەننىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر خۇ جيالى)** بىر قېتىم شەخسىي 1 ـ دەرىجىلىك، بىر قېتىم شەخسىي 2 ـ دەرىجىلىك، تۆت قېتىم شەخسىي 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىش، ئۈچ قېتىم شەخسلەر بويىچە تەقدىرلىنىش، «مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى كەسپىنى قەدىرلەش، تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى» «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»... بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىش كەچۈرمىشلىرى ۋە شەرەپلىك ناملاردا قەھرىمان گەن كېۋېينىڭ قان كېچىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغان شانلىق ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن.

گەن كېۋېي، گۇاڭشى فۇسۈي ناھىيەسىدىن، 1980 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا نەننىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى. 2017 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، 4 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

ئىمكانىيىتى يەتكۈچە تىرىشىش — گەن كېۋېي ئىلگىرى ۋىيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە يازغان بىر جۈملە سۆز. خىزمەتكە كىرىشىپ كەتسىلا، ئۇ ئۆزىنى توختىتالمايتتى. زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتى 3 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ جياۋداۋيۈەنى لياۋ يۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: 2008 ـ يىلى، زەھەر ئەتكەسچىسى خۇاڭ XX زەھەر سودىسى قىلىۋاتقاندا ھىيلە ئىشلىتىپ ساقچىلارنىڭ تۇتۇشىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. گەن كېۋېي كېيىنكى يىلى بۇ دېلونى تەكشۈرۈشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاپتوموبىلدا قولغا چۈشۈرگەن نۇرغۇن كارتا ئارقىلىق يىپ ئۇچىنى قېزىپ، ئاخىرىدا دېلوغا چېتىشلىق 100دىن ئارتۇق ئۇچۇرنى رەتلەپ چىققان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا، خۇاڭ XX ۋە گۇاڭشىدىكى ئۇنىڭ بىلەن سودىلاشقان، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئالاقە قىلغان دېلوغا چېتىشلىق نەچچە ئون شايكا ئارقا ـ ئارقىدىن تورغا چۈشكەن. «بۇ نەچچە ئون شايكىنىڭ تورغا چۈشۈپ، 100دىن ئارتۇق دېلونىڭ پاش قىلىنىشى گەن كېۋېينىڭ ئۇچۇرنى سىجىل تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.» لياۋ يۈەن مۇنداق دېدى: «بۇ مەنبەدىن تارقالغان يىپ ئۇچى ۋە رازۋېدكا يۆنىلىشى ھازىرغىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ».

گەن كېۋېينىڭ بەدىنىدە كۆپ قېتىملىق تۇتۇش ھەرىكىتىدە يارىلانغاندا قالغان نۇرغۇن تارتۇق بار. 2013 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق تۇتۇش ھەرىكىتىدە، گەن كېۋېي زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل ھەيدەپ قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىلىپ بېرىپ، ئاپتوموبىلنىڭ دېرىزىسىدىن قولىنى تىقىپ ئاچقۇچنى تارتىپ چىقىرىۋالماقچى بولغان، زەھەر ئەتكەسچىسى ماي كىلاپىنىنى كۈچەپ دەسسىگەنلىكتىن، گەن كېۋېي ئون نەچچە مېتىر يەرگىچە سۆرىلىپ بارغان. «بىز ئۇنىڭغا قويۇۋەت دەپ ۋارقىرىدۇق، لېكىن ئۇ يەنىلا قولىنى سوزۇپ ئاپتوموبىلنىڭ ئاچقۇچىنى تارتىپ چىقىرىۋېلىشقا تىرىشتى.» زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتى 4 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى خۇاڭ شېڭ مۇنداق دېدى: كېيىن گەن كېۋېي يىقىلىپ چۈشتى، ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا چاقى ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى، «پەقەت نەچچە سانتىمېتىرلا قالدى، ئاپتوموبىل دەسسىۋەتكىلى تاسلا قالدى.» گەن كېۋېينىڭ بۇ تېز ھەرىكىتى خىزمەتداشلىرى ئۈچۈن ئىنكاس قايتۇرۇش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈپ بەرگەن، ئاخىردا زەھەر ئەتكەسچىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىر تەرىپى ئېغىر دەرىجىدە سۈرۈلۈپ يارىلانغان.

2016 ـ يىلى جۇڭچيۇ بايرىمىدا، گەن كېۋېي يۇرتىغا قايتىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن تاماق يېدى، لېكىن بىر خىزمەت تېلېفونى كېلىپ ئۇ يەنە ئۆيىدىن ئالدىراش ئايرىلدى. ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە يېگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەم بولۇش تامىقى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، گەن كېۋېي خىزمەتداشلىرى بىلەن جياڭشىغا بېرىپ، بىر زەھەر دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچلىرىنى توپلاۋاتقاندا، نەننىڭغا يوشۇرۇنۇۋالغان زەھەر ئەتكەسچىلىك شايكىسىنىڭ ئىزىنى بايقىغان. كاماندىروپكىغا چىققان مەزگىلدە، گەن كېۋېي بىرنەچچە قېتىم بېشى ئاغرىسىمۇ يەنىلا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرغان، ئەمەلىيەتتە بۇ بەك چارچاپ ھالىدىن كەتكەن بەدىنى بەرگەن «ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى» ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، نەننىڭغا قايتىپ كېلىشىگىلا، ئۇنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىغان ھەم ياندۇرغان، ئارقىدىن ھوشىدىن كېتىپ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سۇلۇق قاپارتمىسىمان مېڭە ئارتېرىيە ئۆسمىسى ھەم ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە ئاستى بوشلۇقىغا قان چۈشۈش، مېڭىگە سۇ يىغىلىش دەپ دىياگنوز قويۇلغان.

گەن كېۋېي كېسىلى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش نەتىجىسىگە تايىنىپ، بىر كۈچەپلا نەننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى زەھەر ياساش ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىپ، ئون توننا زەھەر ياساش بۇيۇمىنى قولغا چۈشۈرگەن.

بۇ دېلو ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن قەھرىمان غەلىبە پەيتىنى كۆرەلمىگەن. 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مېڭىسىگە تۇيۇقسىز قان چۈشكەن گەن كېۋېي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

# لۇ جيەنجياڭ: ئاددىيلىق ئىچىدە قالتىسلىقنى ياراتتى



لۇ جيەنجياڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىجياجۇاڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ياڭ فەن)** لۇ جيەنجياڭ بىر ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىسى، ئۇ نۇرغۇن يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك چوڭ ئىشلارنى قىلمىدى، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئاددىي كىچىك ئىشلار. لېكىن ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلق ساقچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى پۈتۈپ، ئاددىيلىق ئىچىدە قالتىسلىقنى ياراتتى.

لۇ جيەنجياڭ 1989 ـ يىلى ئارمىيەگە قاتناشقان، 2004 ـ يىلى قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا كەلگەن، ساقچى بولغان 13 يىلدا ئىزچىل ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتقان، ھايات ۋاقتىدا شىجياجۇاڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چياۋشى شۆبە ئىدارىسى ئەن جيەنچياۋ ساقچى پونكىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاش، ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن، تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇ يىلى ئەمدىلا 47 ياشتا ئىدى.

لۇ جيەنجياڭنىڭ كۆڭلىدە «تەۋەلىك چەكلىمىسى» يوق ئىدى، «ئىشتىن چۈشۈش ئۇقۇمى»مۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. نۆۋەتچىلىك قىلغاندا، ئۇ كۆپچىلىكنى باشلاپ «تۆت گۇرۇپپا ئۈچ ئىسمېنا بويىچە نۆۋەتلىشىپ ئىشلەپ» ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرغان. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە توردا «ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ھالىتى»نى ساقلاپ، ھەر ۋاقىت مەسلىھەت سوراش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە مۇلازىمەت قىلغان. ۋاپات بولۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋالقى يېرىم كېچىدە، ئۇ يەنە خىزمەت توپىدا چارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلىغان.

لۇ جيەنجياڭ ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا قانداق ياردەم بېرىش ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ياشانغانلارنىڭ ئېزىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ ئېزىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان «سېرىق بىلەيزۈك» ياسىغان؛ ئاپتوموبىل توختىتىش، ئاپتوموبىل يۆتكەش ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاپتوموبىل يۆتكەش كارتىسى»نى ئىجاد قىلغان ھەم ئۈچ ئەۋلاد يېڭىلىغان.

ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان لۇ جيەنجياڭ خېبېي بويىچە نۇرغۇن بىرىنچىلىكنى ياراتقان. ئۇ تۇنجى تور مەھەللە ساقچىخانىسى بەرپا قىلغان، تەجرىبىسى پۈتۈن ئۆلكىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئۇ يەنە تۇنجى بولۇپ يىتكەن نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق تورىنى قۇرغان، ھەممىدىن بۇرۇن ھەقىقىي ئىسمى بىلەن ۋېيبو ئاچقان ھەم تەدرىجىي تۈردە خېبېينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى توردا ئەڭ تەسىر كۈچى بار خەلق ساقچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

توردا، لۇ جيەنجياڭ ئوتتۇرىغا چىقىشتا دادىل، ئوتتۇرىغا چىقىشقا ماھىر بولۇپ، 17 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ۋېيبو ماقالىسىدە، ئۇ بەزىدە ساقچىلارنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى سۆزلەپ، تېخىمۇ كۆپ چاغلاردا كۆپچىلىككە زىيانكەشلىكتىن قانداق مۇداپىئەلىنىشنى ئۆگىتىپ، ئاكتىپ كۈچ تارقاتقان.

لۇ جيەنجياڭ ھايات ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «ئامما قەيەردە بولسا، مۇلازىمەت شۇ يەردە بولۇشى كېرەك، چەكسىز تور مېنىڭ پۇقرالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «بىلىكىم»نى ئۇزارتالايدۇ.» ئامما ئۈچۈن ئىش بېجىرگەندە، ئۇنىڭ پۇتى ئارام ئالمايتتى، ئاغزىمۇ ئارام ئالمايتتى، يول ماڭغاندا يۈگۈرۈپ دېگەندەك ماڭاتتى، چىن كۆڭلى بىلەن خىزمەتنى ئامما قەلبى سۆيۈنگۈدەك ئىشلەيتتى.

خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا «ئىشتىن چۈشمەيدىغان» لۇ جيەنجياڭ ئىزچىل ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى، ئۆي جازىلىرى ئاددىي، كونا ئىدى. خوتۇنى سۈي لىپىڭ مېھمانخانىغا ئېرىنىڭ سۈرىتىنى قويماقچى بولغاندا، بىر مۇۋاپىق ئورۇن تاپالماي، توڭلاتقۇنىڭ ئۈستىگە تىزىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىلگىرى «ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ» تۆۋەن كاپالەتلىك ئاھالە دىڭ جۈڭگۇاڭغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم خىزمەت تېپىپ بەرگەن، ئەمما ئۆيدە ئۈچ يىل ئىش كۈتۈپ ئولتۇرغان خوتۇنى سۈي لىپىڭنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغان. لۇ جيەنجياڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى ئاندىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

لۇ جيەنجياڭ بىلەن ۋىدالىشىدىغان كۈنى، بىر قىز كېچىلەپ تەييۈەندىن يېتىپ كەلدى — ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا، لۇ جيەنجياڭ ئۇنىڭغا بىر كېچە نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇرغانىدى. شۇ كۈنى مىڭدىن ئارتۇق كىشى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، دەپنىخانىغا كېلىپ لۇ جيەنجياڭ بىلەن ۋىدالاشقان، نەچچە ئونمىڭلىغان توردىشى توردا يازما قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن، 1000دىن كۆپرەك شەھەر ئاھالىسى ئۆزلۈكىدىن ئۇ خىزمەت قىلغان ساقچى پونكىتىغا بېرىپ گۈل تەقدىم قىلىپ تەزىيە بىلدۈرگەن...

لۇ جيەنجياڭ كەتتى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان ساقچى پونكىتىنىڭ نامى «لۇ جيەنجياڭ ساقچى پونكىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، بۇ، خېبېيدىكى تۇنجى شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ساقچى پونكىتى. نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ساقچى پونكىتى بىر ئابىدىگە ئايلاندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)